# 8885 ـ كاپىرنىڭ قۇرئاننىڭ بىر نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىنجىلنىڭ بىر نۇسخىسىنى قوبۇل قىلىش

**سۇئال**

بىر مۇسۇلمان ئەر مۇنداق دەيدۇ : مەن بىر كاپىرغا قۇرئان مەنىلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىڭ بىر نۇسخىسىنى بەرمەكچى بولدۇم ، لېكىن ئۇ : ئەگەر سەن ئەرەپچە ئىنجىلنىڭ بىر نۇسخىسىنى مېنىڭدىن ئالمىساڭ ، ئۇنى سېنىڭدىن ئالمايمەن ، ھەمدە سەن ئىنجىلنى ئوقۇمىغىچە ئۇنى ئوقۇمايمەن ، دىدى . ئۇنى قىلىمەنمۇ ـ يوق ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىز بۇ سۇئالنى پىشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىينگە سۇنغانىدۇق ، ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن ، ئۇ تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بەردى :

ئۇ ئۇنى قىلماسلىقى كىرەك ، چۈنكى ئىنجىل مۇسۇلمانغا تەسىر يەتكۈزىدۇ ،، لېكىن بۇ ئۇ رەزىل ئادەمگە ھىچ قانداق تەسىر قىلمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ، مۇسۇلماننىڭ ئىنجىلنىڭ نۇسخىسىنى ئېلىشىنى مەقسەت قىلغان . شۇڭلاشقا ئۇ ئۇنىڭغا قوشۇلماسلىقى كىرەك .ئەگەر ئۇ توغرىغا ماڭسا ، ئۆزىنىڭ پايدىسىغا بولىدۇ ، ھەمدە ئۇ ئازسا ، ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ .

سۇئال :

ئۇنى ئوقۇشقا كۆڭلىدە ئەمەس ، ئىبغىزىدا يالغاندىن قوشۇلسىچۇ ؟

جاۋاپ :

ئۇ ھىچقانداق نەرسىگە قوشۇلمايدۇ ، چۈنكى بۇ ھىلىقى ئادەمنى پەخىرلەندۈرىدۇ .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .

مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين